# يەكەن خانلىقى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىرقىسىم ماتېرىياللار ئۈستىدە تەھلىل

ماخمۇت ئابدۇۋېلى

ھازىرغىچە ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە يەكەن خانلىقى تارىخىغا دائىر نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەتقىقاتلار، ئاساسەن دېگۇدەك «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسەرنى بىرىنچى قول ماتېرىيال قىلىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، يەكەن خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى بەنى ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى تولىمۇ ئاز ياكى يوق دېيەرلىك. پايدىلىنىشقا تېگىشلىك ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلانغاندا، تەتقىق قىلىپ چىقىرىلغان ئەسەرنىڭ قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان بولاتتى.

## 1

مىلادىيە 1348-يىلى چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلىستان خانلىقى ئەخمىنەن 80 يىلدىن كۆپرەك بىرلىككە كېلىش ۋە گۈللىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تەدرىجىي بۆلۈنۈش ۋە ئاجىزلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. يۇنۇسخاندىن كېيىن موغۇلىستان خانلىقى تامامەن پارچىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ئويمانلىقىدىن تاشكەنت رايونىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىگىلىدى. ئىككىنچى ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخان ئۆزىنى ئاقسۇ دەرياسىدىن قومۇلنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلارنىڭ ئىگىسى ۋە قانۇنىي سۇلتانى دەپ ئېلان قىلدى، ئاقسۇ دەرياسىدىن باشلاپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىغا بولسا ئۇيغۇرلاشقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مىرزا ئابابەكرى ئىگىدارچىلىق قىلدى. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرى موغۇلىستان خانلىقى ئەنە ئاشۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى. مىلادىيە 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆزبېكخان ئەۋلادى مۇھەممەد شايبانىخان بىر بۆلۈم ئادەملىرىنى باشلاپ ماۋارائۇننەھر رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. موغۇلىستان خانلىقىدىكى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخانمۇ ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادىنى يوقىتىپ پۈتۈن چاغاتاي رايونىغا خوجايىنلىق قىلىشنى خالايتتى، شۇڭلاشقا ئۇ، مۇھەممەت شايبانىخاننىڭ ئۇرۇشىنى قوللاپ، ئۇنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى. 1500-يىلى مۇھەممەد شايبانىخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ ياردىمى ئاستىدا، سەمەرقەنت، بۇخارا رايونلىرىنى بېسىۋالدى. 1501-يىلى شايبانىخان سۇلتان مەھمۇدخاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادى بابۇرنى ماۋارائۇننەھر رايونىدىن قوغلىۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسى ئەھمەدخاندىن ياردەم سورىدى. مىلادىيە 1502-يىلى ئەھمەدخان ئۆز ئورنىدا ئوغلى مەنسۇرنى ئولتۇرغۇزدى ھەمدە ئۈچىنچى ئوغلى سەئىدخاننى ئېلىپ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن شايبانىخانغا ھۇجۇم قوزغاپ ئۇرۇشتا مەغلۇب بولدى. بۇ چاغدا مەنسۇرخان ئاقسۇدا ئۆزىنى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قانۇنلۇق خانى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ھەمدە ئۆز ئىنىلىرىنى تەخت ۋە ھۆكۈمرانلىقتىن چەتلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ ئىنىلىرى سەئىدخان بىلەن خەلىل سۇلتانلار پەرغانىنى بازا قىلىپ مەنسۇرخانغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى. ئەمما، ئۇلار ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ، سەئىدخان كابۇلدىكى تاغىسى بابۇرشاھنىڭ ھوزۇرىغا باردى. 1511-يىل 5-ئايدا سەئىدخان كابۇلدىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ ئالدى بىلەن ئەنجاننى ئىگىلىدى، كېيىن پەرغانە، ئىسسىقكۆل، سىر دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇ ۋاقىتتا، قەشقەرنى مەركەز قىلغان مىرزا ئابابەكرى زور قوشۇن بىلەن سەئىدخانغا قارشى چىقتى. بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتا مىرزا ئابابەكرى يېڭىلىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. 1514-يىلى سەئىدخان ئەنجاندىن قەشقەرگە قوشۇن تارتىپ ناھايىتى تېزلا قەشقەر ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى بىرقىسىم جايلارنى بېسىۋالدى. 1514-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى سەئىدخان يەكەنگە

www.uyghurkitap.com

كېلىپ ئورۇنلىشىپلا، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ، تارىختا مەشھۇر بولغان يەكەن خانلىقى ئىدى. يەكەن خانلىقى سەئىدخاندىن تاكى ئىسمائىل خانغىچە جەمئىي 160 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ دەۋردە، بىر مۇنچە موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلاشقان ۋە مۇسۇلمانلاشقان بولۇپ، يەكەن خانلىقىدىكى جەمئىيەت، دەل ئەنە شۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا راۋاجلانغانىدى.

## 2

ھازىرغىچە ئېلىمىزدە، يەكەن خانلىقى توغرىسىدا خېلى نۇرغۇن ئەسەرلەر نەشر قىلىندى، مەسىلەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، «ئۇيغۇر تارىخى» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەردىمۇ يەكەن خانلىقى تارىخى توغرىسىدا مەخسۇس بابلار ئاجرىتىلدى. بۇ ئەسەرلەردە يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخى ئاساسەن دىگۇدەك «تارىخى رەشىدى» مەنبە قىلىنغان ئاساستا يېزىلغان، ئەمما ئوخشاش بىر ئەسەرنى مەنبە قىلىپ يېزىلغان بۇ ئەسەرلەردە، يەكەن خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ۋەقەلەر ئوخشىمايدۇ، تۆۋەندە بىز بىر نەچچە ئەسەردىكى سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەدخاننىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بايانلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىگەن ئەسەردە: «ئەھمەدخان ئىنىسى مەھمۇدخان بىلەن بولغان ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشتە مەغلۇپ بولۇپ شايبانىخاننىڭ يېنىغا پاناھ تىلەپ بارغاندا، شايبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى» دەپ بايان قىلىنغان، ئىزاھاتىدىمۇ «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دىگەن ئەسەردە: «مىلادىيە 1502-يىلى سۇلتان ئەھمەدخان ئۆز ئورنىدا ئوغلى مەنسۇرخاننى قايىممۇقام قىلىپ، نۇرغۇن قوشۇنغا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ ماۋارائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى، مۇھەممەد شايبانىخان بولسا 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ پەرغانەگە قاراپ ئاتلاندى ۋە پەرغانەگە يېقىن ئەخشىد دىگەن جايدا سۇلتان مەھمۇدخان ۋە سۇلتان ئەھمەدخان باشلىغان قوشۇنلار بىلەن توقۇنۇشتى. شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن، مۇھەممەد شايبانىخان سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخاننى 15 مىڭ قوشۇنى بىلەن تۇتقۇن قىلدى. لېكىن ئۇ تاشكەنت ۋە سايرامنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن موغۇلىستان قوشۇنلىرىنىڭ پەرغانىنىڭ غەربىگە ئۆتمەسلىك شەرتى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئەھمەدخانلارنى تۇتقۇندىن بوشاتتى، سەئىدخاننى بولسا داۋاملىق تۇتۇپ قالدى. بۇ، تارىختا ئەخشىد توختىمى دەپ ئاتالدى.

سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى، مەنسۇرخان ئۇلارنى ھەشەمەت بىلەن قارشى ئالدى، 1503-يىلى سەئىدخان تۇتقۇندىن قېچىپ ئاقسۇغا كەلدى، تاغىسى سۇلتان مەھمۇد بىلەن بىرلىشىپ مۇھەممەد شايبانىخاندىن ئۆچ ئېلىشقا تەييارلىق قىلدى، لېكىن مىلادىيە 1508-يىلى سۇلتان ئەھمەدخان ئېغىر زۇكام بولۇپ ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ جەسىتى ئالتۇنلۇق قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى» دەپ بايان قىلىنىدۇ. «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» دىگەن ئەسەردە: «سۇلتان سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەدخان شايبانىخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، دەرىكە چىدىماي ھىجرىيە 909-يىلى (مىلادىيە 1503\-1504-يىلى) ئاقسۇدا ۋاپات بولىدۇ» دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ ئەسەرنىڭ ھەممىسىدە، بۇ بايانلارنىڭ «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىن ئېلىنغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئەمما «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 340-بېتىدە: «سۇلتان ئەھمەدخان شامال تېگىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ھىجرىيە 909-يىلى (مىلادىيە 1503\-1504- يىلى) قىشتا ئالەمدىن ئۆتتى» دەپ بايان قىلىنىدۇ. «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىكى بۇ بايانلار بىلەن ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دىكى بايان ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئۆلگەن يىل دەۋرى ئوخشىمايدۇ. ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئەسەردە: «........شايبانىخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن ماۋارائۇننەھرگە پادشاھ بولدى. شايبانىخان پادشا بولغاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇدخاننى مەغلۇپ قىلىشقا قەدەم قويدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخانغا بۇ توغرىلىق خەۋەر بەتكۈزۈپ كىشى ئەۋەتتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئۆز ئورنىدا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى قويۇپ، ئۆزى نۇرغۇن چېرىك بىلەن ئاكىسىنىڭ ياردىمى ئۈچۈن باردى. ھەر ئىككى خاننىڭ ئەسكىرى تولۇقى بىلەن توپلىشىپ بولماي تۇرۇپ، شايبانىخان تېز ۋە ئالدىراشلىق

بىلەن 3000 ئەسكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. سۇلتان مەھمۇدخان ۋە دوسەيىت كوراگانلار 2500 ئەسكەر بىلەن كاساندا توسۇپ تۇرغانىدى، ئۇلار بىپەرۋالىق قىلىپ خەۋەرسىز قالدى. شايبېكخان ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئەھۋالىنى خانلارغا مەلۇم قىلالمىدى. سۇلتان مەھمۇدخان ۋە سۇلتان ئەھمەدخانلار 1500 كىشى بىلەن شايبېكخانغا قارشى چىقتى، لېكىن خانلارنىڭ يېنىدا قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئاز بولغاچقا ئۇرۇشتا خانلار مەغلۇپ بولدى، ھەر ئىككى خان ئەسىر بولۇپ قولغا چۈشتى.

شايبېكخان سۇلتان مەھمۇدخان ۋە سۇلتان ئەھمەدخانلارغا ئات بېرىپ، ئاقسۇغا قايتىشقا رۇخسەت بەردى. سۇلتان ئەھمەدخان ناھايىتى ديانەتلىك پادىشاھ ئىدى، ھەرگىز تاھارەتسىز يۈرمەيتتى، شەرىئەتتىن قىلچە ئاشقىرى ئىش قىلمايتتى. ئۆزى مەردانە ۋە يۈرەكلىك جاسارەتلىك خان ئىدى. ئۇ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاقسۇغا كەلدى، تۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ تەييارلىق قىلماقچى بولدى، ئەمما، ئىنتىقام ئالغىچە ئەجەل پۇرسەت بەرمىدى، ئاقسۇغا دەپنە قىلىندى. سۇلتان مەھمۇدخان ئاقسۇ ۋە موغۇلىستاننىڭ خانلىقىنى باراتماي تاشكەنتكە باردى، شايبېكخان ئۇنى بەش ئوغلى بىلەن ئۆلتۈرۈپ سىرلىكتە شەھىد قىلدى، شەيخ مۇسۇلمىدىن مازىرىغا دەپنە قىلىندى» دەپ بايان قىلىنغان. گەرچە «تارىخى رەشىدى زەيلى» دەپ ئاتالغان بۇ ئەسەردە، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئۆلگەن يىل دەۋرى ئېنىق ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەقەلىك ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

3

يۇقىرىدىكى بىرنەچچە ئەسەردە، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆلۈمى خىلمۇخىل بايان قىلىنىدۇ، بەزىلىرىدە بىراز ئوخشاشلىق بولسىمۇ، لېكىن يىل دەۋرى ئوخشىمايدۇ. يۇقىرىقىدەك ئوخشاش بىر مەنبەدىن پايدىلىنىپ ئوخشىمىغان ۋەقەلەرنى توقۇپ چىقىرىش، بىزنى يەكەن خانلىقى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئېرىشىشكە دەۋەت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىرىنچى قول ماتېرىياللاردىن قانداق پايدىلىنىش، ئۇنىڭغا قانداق ھۆرمەت قىلىش — تەتقىقاتچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. ئەسلى ماتېرىيالدىن پايدىلىنىشتىكى بۇنداق خاتالىقلار ئۇقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ، پەقەت يەكەن خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرلا ۋەقە ئۈستىدىكى پەرق، داۋاملىق ئىزدەنسەك ھەم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساق، بۇنىڭدىنمۇ كۆپ پەرقلەرنى ئۇچرىتىمىز. ھازىرچە بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان ماتېرىياللار تولىمۇ ئاز، بولۇپمۇ «تارىخى رەشىدى» دەك بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ ئۆز تىلىمىزدا روياپقا چىقىرىلمىغىنى، بىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس تەرىپىدىن پارسچە ئەسەر، ھازىرغىچە ئۆز تىلىمىزدىكى يەكەن خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەر 1672- 1676- يىللاردا شاھ مەھمۇد جوراس تەرىپىدىن «تارىخى رەشىدى»نىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىلغان. ئاپتور بۇ كىتابىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا «تارىخى رەشىدى» نىڭ مەزمۇنىنى كىرگۈزگەن، ھەمدە ئالدىنقى قىسمىنى قىسقارتىۋېتىپ، كېيىنكى قىسمىنى ئۆزى يازغان. روسىيە تارىخچىسى ئاكىمۇشكىن بۇ ئەسەرنى سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىغان بىزنىڭ تىلىمىزغا «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەر، ھازىرغىچە ئۆز تىلىمىزدىكى... ھەمدە ئالدىنقى قىسمىنى قىسقارتىۋېتىپ، كېيىنكى قىسمىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1976-يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇرغان. رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىغا 123 بەتلىك تەتقىقات خاراكتېرلىك كىرىش سۆز يېزىلغان، كىتابنىڭ ئاخىرىغا سېلىشتۇرۇپ چىقىلغان پارسچە ئەسلى تېكىست قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، ئىلمىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى ئەسەردۇر. ئەسەرنىڭ ئەسلى ئىسمى «تارىخى شاھ مەھمۇد جوراس» ياكى «تارىخى شاھ» بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا «يەكەن خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دەپ نام قويۇلغان. 1988-يىلى نەشر قىلىنغان «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە، بۇ ئەسەرنىڭ بەزى مەملىكەتلەردە« بىلنامە » دەپ ئاتالغانلىقى، بەزى جايلاردا «تارىخى رەشىدى زەيلى»(«تارىخى رەشىدىنىڭ داۋامى») دەپ ئاتالغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ھازىر، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدا «تارىخى رەشىدى زەيلى»ناملىق بىر ئەسەر ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئەسەر ئۇيغۇرچە شافىگراف نۇسخىلىق بولۇپ، ئەسلى نۇسخا 60-يىللاردا يەكەندىن تېپىلغانىكەن، ئەسەرنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى تولۇق ساقلىنىلمىغان، سەئىدخاندىن كېيىنكى خانلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانلىقتىن، ئەسەرگە «تارىخى رەشىدى زەيلى» دەپ نام قويۇلغان. بىزنىڭ

قولىمىزدىكى ئۇيغۇرچە «يەكەن خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسەردە، ئاساسەن ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر ئوقتىلىق بايان قىلىنغان. «تارىخى رەشىدى زەيلى» دەپ نام قويۇلغان ئەسەردە، «يەكەن خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسەردە تىلغا ئېلىنمىغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، ئابدۇرەشىدخان توغرىسىدىمۇ تەپسىلى توختىلىپ، نۇرغۇن بېيىت ۋە قوشاقلار كىرگۈزۈلگەن، ئابدۇرەشىدخاننىڭ 12 ئوغلى توغرىسىدىكى بابلار بۇ ئىككى كىتابتا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، «يەتتە ئىقلىم» ۋە «تارىخى ھەيدەر» دېگەن كىتابتىكى «ئابدۇرەشىدخاننىڭ 13 ئوغلى بار» دېگەن كۆز قاراش بىلەن ھەم «ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى» دېگەن كىتابتىكى «ئابدۇرەشىدخاننىڭ توققۇز ئوغلى بار» دېگەن كۆز قاراشلاردىن پەرقلىنىدۇ.

ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىن تەختكە چىققان ئابدۇرېھىمخان توغرىسىدىكى ۋە ئابدۇكېرىمخاننىڭ تەختكە چىقىشى ھەم ئابدۇلتىپ سۇلتاننىڭ ئۆلۈمى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ۋەقەلەر، بۇ ئىككى كىتابتا ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق تېمىلارغا بۆلۈپ بايان قىلىش شەكلى پەرقلىق بولغان، «تارىخى رەشىدى زەيلى» دېگەن كىتابتا ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى تەپسىلي بايان قىلىنغان، ئىككىلا ئەسەردە ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى بايان قىلىنغان. «ماتېرىياللار»دا: «............ خان ھەزرەتلىرىنىڭ ۋەقەلىرى خۇدا بۇيرۇسا بۇندىن كېيىن بايان قىلىنىدۇ، بۇ ئاپتور ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە جاھاننىڭ توسالغۇ بولۇشىغا قارىماي، ئالدىراش ۋاقىتتا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى. سۆز ئۇزۇش تەييارلىقىنىڭ يوقلىقىغا قارىماي تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ قولۋاقنى مۇھىت دېڭىزىغا سالدى، ھالاكەت گىرداۋىدا يېشىنىڭ قېيىشىنى ئويلىمىغان شىددەتلىك دولقۇنلار قورقۇنچىسىنى يادىغا كەلتۈرمىگەن ھالدا، كىمكى ئاجىز بىچارە بولسا، ئۇ ئوقلارغا نىشان بولۇپتۇ، دېگەندەك، شۇنچە ياراكەندىچىلىك ئىچىدىمۇ، بۇ ئۆلۈغ نىشان ۋە كاتتا ئىشقا جۈرئەت قىلىپ، قەدەم قويۇپ، ئۆزىنى ئېتىراز ئوقىنىڭ نىشانى قىلدى. ئەركابەگ ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇنۇسخاننىڭ زامانىسىدىن تا ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن بۇقىرى مەرتىۋىلىك پادىشاھلار، داڭلىق كاتتىباشلار ئۆتۈپتۇ، بۇندىن كېيىنمۇ ئۆتكۈسى، ئۇلارنىڭ نامى، داڭقى دۇنيادا يادىكار قالسۇن، دېدى.

ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، بۇ دەسمايىسىز پەقىر ئىقتىدارسىز ھەقىر شاھ مەھمۇد مىرزا فازىل جۇراس ئوغلىنىڭ ئاق قەغەز ئۈستىگە قاراخەتتىن ئىبارەت كېمىنى تەييارلاپ قويۇشقا قانداقمۇ ماجالى بولاتتى، بۇ ئاجايىپ سەھىپىگە بىرەر ھەرپ يېزىپ قويۇشقا قانداقمۇ كۈچى يېتەتتى، داڭلىق ئەركابەگ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئائىلاج بۇ ئەدەپسىزلىك دائىرىسىگە قەدەم قويۇپ، بۇ چوڭ ئىشقا ئالدىرىدى» دەپ يازىدۇ. «زەيلى»دە بولسا: «............ دېمەك، تارىخ بايان قىلىشقا ۋە يېزىشقا مەندەك بىچارە كىشىنىڭ لاياقىتى يوق ئىدى، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق كەلدىكى، مىرزا ھەيدەر ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپ «تارىخى رەشىدى» دېگەن تارىخنى يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭدا توغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋردە پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىپتۇ. ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئىمىن باھادۇرخاننىڭ دەۋرىگىچە ھېچكىمشى تارىخ يازماپتۇ. گەرچە مېنىڭ تارىخ يېزىش قابىلىيىتىم بولمىسىمۇ، ئىلمىي-ئەقلىي كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تارىخ يازدىم. بۇ تارىخنى ئاللايارىنىڭ تەشەببۇس ئىلتىماسى بىلەن، تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بايانىغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىقتىم. بۇ تارىخنى يېزىشتىكى مەقسىتىم، ئۆتكەنلەرنىڭ ۋەقەلىرى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى ۋە مېنىڭدەكلەرنىڭ دۇئاگويلىقى خەلقلەرئارا يادىكار قالسۇن دېمەكتۇر» دەپ يازىدۇ.دېمەك، «ماتېرىياللار»دا ئاپتور ئۆز ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ، ئەمما «زەيلى» دە ئاپتورنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا تارىخ يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان ئاركابەگ بىلەن ئاللايارىنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش قىيىن. «ماتېرىياللار» پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، «زەيلى» نىڭ يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىسى ئۇيغۇرچە نۇسخا بولۇپ، دەۋر ئادىتىگە ئاساسەن پارسچە ۋە چاغاتايچە سۆز ئىبارىلەرمۇ خېلى كۆپ ئىشلىتىلگەن، ئەگەر بۇ ئەسەر پارسچە يېزىلغا ئەسەر بولسا، كىم بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان؟ بۇ مەسىلە تېخى بىزگە ئايدىڭ ئەمەس. بۇ ئەسەر يەكەندىن تېپىلىپ ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئۇيغۇر سابىرانى قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ رەتلىنىپ چىقىلغاندىن

كېيىن، ئاندىن شافىگرافتا يېزىپ تارقىتىلغان، ئۇنى خې رۇي ئەپەندى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، بۇ ئەسەرنىڭ يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىسى ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بىزدە ساقلىنىۋاتقىنى، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى شافىگراف نۇسخىسىدۇر. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتا «تارىخى رەشىدى زەيلى»( «تارىخى رەشىدىنىڭ داۋامى» ) دەپ ئات قويۇلغان، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەسەردە ئابدۇرەشىدخاندىن بۇرۇنقى ۋەقەلەرمۇ بايان قىلىنغان. شۇڭا، بىز بۇ ئەسەرگە «تارىخى رەشىدى زەيلى» دەپ ئات قويۇش ــ تازا مۇۋاپىق بولمىغان، دەپ قارايمىز. «زەيلى» دە، باشتا گورخاندىن باشلاپ بايان قىلىنىپ، چىڭگىزخانىنىڭ پائالىيەتلىرى، چىڭگىزخانىنىڭ زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكى، چاغاتايخانىنىڭ پائالىيەتلىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرمۇنچە خانلار توغرىسىدىكى ۋەقەلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يەنە قازاقلار توغرىسىدىمۇ مەخسۇس بايانلار بار. بۇ بايانلارنى «ماتېرىياللار» دىن كۆرگىلى بولمايدۇ، «ماتېرىياللار» دا ، ئابدۇرەشىدخان تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتىن باشلاپ مىلادىيە 1670-يىلى ئىسمائىلخان تەختكە چىققان ۋاقىتقىچە بولغان 137 يىللىق تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. «زەيلى» ئابدۇللاخان بىلەن نۇرىدىن خاننىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەر مۇشۇ جايغىچە يېزىلغانمۇ ياكى ئەسەرنىڭ ئاخىرى يوقىلىپ كەتكەنمۇ؟ بۇ بىزگە نامەلۇم، ئەمما قانداقلىقى بولمىسۇن، بۇ ئەسەر بىزنى يەكەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى خانلىرى توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىز «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» بىلەن «تارىخى رەشىدى زەيلى» دېگەن بۇ ئىككى ئەسەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، بۇ ئىككى ئەسەر ئايرىم ئىككى ئەسەر بولۇپ، بىرسى يەنە بىرسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، ئەكسىچە بۇ ئىككى ئەسەر ئايرىم-ئايرىم بىر-بىرىنى تولۇقلىيالايدۇ. ئەگەر «يەكەن خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نى «تارىخى رەشىدى زەيلى» دەپ ئاتىساق، ئۇنداقتا، بىزنىڭ قولىمىزدا بار بولغان «تارىخى رەشىدى زەيلى»نى قانداق ئاتايمىز؟ . بۇ ئىككىلا ئەسەر يەكەن خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر. ئىلمىي قىممىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىككىلا ئەسەر بىر-بىرىدىن قېلىشمايدۇ. يەكەن خانلىقىغا دائىر خېلى كۆپ ماتېرىياللار بىلەن بىز تېخى يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتىمىز، يەكەن خانلىقى تارىخىنى يېتەرلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش، ناھايىتى زۆرۈر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى،284-285-بەتلەر.
2. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1991-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 935-بەت.
3. «تارىخى رەشىدى زەيلى»، شافىگراف نۇسخا، 43-44-بەتلەر.
4. ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، 1999-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 64-بەت.
5. شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1988-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 11-بەت.
6. «تارىخى رەشىدى زەيلى» دېگەن ئەسەر، بەزىدە قىسقارتىلىپ «زەيلى» دەپ ئېلىندى.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى
**جاۋابكار مۇھەررىر:** مۇھەممەدجان مۆمىن